## 147555 ـ بىر دۇكاندا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى دۇكاندا يوق مالنى ئۆزىنىڭ شەخسى ھېسابىدىن سېتىۋېلىپ دۇكاندا سېتىپ پايدا ئالغان بولسا بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟.

### سۇئال

مەن ئون يەتتە ياش ۋاقتىمدا بىر دۇكاندا ئىشلىگەنتىم، دۇكان ئىگىسى ئون جۈنەيگە تېلېفۇن كارتى سېتىۋېلىپ ئۇنى ئون بەش جۈنەيگە ساتاتتى، بىر قېتىم كارت تۈگەپ كېتىپ دۇكان ساھىبى باشقا بىرسىنى كارت سېتىۋېلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ كارتىنى تاپالماي قايتىپ كەلدى، مەن كارتىنى ئۆز يېنىمدىن سېتىۋېلىپ دۇكانغا ئەكىلىپ سېتىپ پايدىنى ئۆزەم ئالدىم، مەن ئۇ دۇكاندىن يېنىپ چىقىپ بىر قانچە يىللاردىن كېيىن كۆڭلۈمدە خاتا قىلغاندىمەنمۇ دەيدىغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن پايدىنى قايتۇراي دەپ دۇكانغا بىر يۈز ئەللىك جۈنەينى قالدۇردۇم، بىر يۈز قىرىق جۈنەينى دۇكاننىڭ ئىگىسىنىڭ نامىدا ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلدىم، ھازىر مەندە يەنە ئۈچ يۈز جۈنەي پۇل بار، بۇنى دۇكاننىڭ ئادرىسىغا ئەۋەتىپ بېرەيمۇ ياكى دۇكاننىڭ ئىگىسىنىڭ نامىدا ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋېتەيمۇ؟ بىلىشىمچە، دۇكان ئىگىسى بەك گۇناھ ـ مەسىيەت قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ پۇلنى ئەۋەتسەم نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ ئۇنىڭغا قانچىلىك بېرىشىم كېرەك، قانچىلىك پايدا ئالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، بۇ ئون يىل بۇرۇنقى ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىر جۈنەيمۇ ئىلگىركىدىن پەرقلىق، بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟ ئاللاھ سىلەرگە ۋە بۇ خىزمەتنى قىلىۋاتقانلارغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

سىز دۇكان ئىگىسى ئۈچۈن ساتقان كارتىلارنىڭ پايدىسىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ، سىز ئىمكان قەدەر ئالغان پايدىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ شۇ بويىچە قايتۇرسىڭىز بولىدۇ.

سىز دۇكاندا قويۇپ كەتكەن بىر يۈز ئەللىك جۈنەينى ئالغان پاينىڭ ئورنىغا قويۇپ قويغان بولسىڭىز، ئومۇمى پايدىنى ھېسابلىغاندا بۇنى ئومۇمى ھېسابتىن چىقىرىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

دۇكان ئىگىسى نامىدىن سەدىقە قىلىۋەتكەن بىر يۈز قىرىق جۈنەينى بولسا پايدا ئالغان ئومۇمى پۇلدىن چىقىرىۋەتسىڭىز توغرا بولمايدۇ، ئۇ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە قەرز بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز مال ئىگىسى نامىدىن سەدىقە قىلىش ئەمەس بەلكى مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشتۇر. ئەگەر سىزنىڭ ئۇ كىشى بىلەن ئۇچرىشىشىڭىز مۇمكىن بولمىغاندا ئاندىن سەدىقە

قىلسىڭىز توغرا بولاتتى، ئەمما سىز ئۇ كىشىنىڭ تۇرىۋاتقان ئورنىنى بىلسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ئىگىسىگە ئۆتەيدىغان نەرسىنى سەدىقە قىلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ.

ئاللاھ خالىسا ئۇ سەدىقە سىز ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ ساۋابىنى قىيامەت كۈنىدە ياخشىلىق مىزانىڭىزدا تاپىسىز.

سىزنىڭ قىلغان تەۋبىڭىزنىڭ توغرا بولىشى ۋە قوبۇل بولىشى ئۈچۈن  دۇكان ئىگىسى ئۈچۈن قالغان مالنى ھېسابلاپ ئۇنى ئۇ كىشىگە ئەۋەتىپ بېرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

ئۇ ۋاقىت بىلەن ھازىرقى جۈنەيىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقىنىڭ ھېچ زېيىنى يوق، سىز پەقەت دۇكان ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەك بولغان مالنى قايتۇرسىز ئۇنىڭدىن زىيادە قىلمايسىز. ئاللاھ تائالادىن سىزنىڭ قىلغان تەۋبىڭىزنى قوبۇل قىلىشنى سورايمىز.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.